


رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى (10)

# ئىبرەت

تەييارلىغۇچى: ھەببە ئۇيغۇر

UYGUR.COM



بۇرۇنقى زاماندا، بىر ئادەم قېرىپ ماكچىيىپ كەتكەن دادىسىنى بېقىش ئېغىر تۇيۇلغاچقا، دەرياغا تاشلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.



كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئوغلى دادىسىنى كۆتۈرۈپ بىرىپ دەرياغا تاشلاي دەپ تۇرغاندا ، دادىسى:

_ بالام، مېنى تاشلىماقچى بولساڭ ئەنە ئاۋۇ...چوڭقۇر قايىنامغا تاشلىغىن،_ دەپتۇ ھاسىراپ،_ مەنمۇ بوۋاڭنى شۇ يەرگە تاشلىۋەتكەن ئىدىم.

ئوغلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ: «مەن دادامنى خارلاپ دەرياغا تاشلىۋېتىدىغان بولسام، كەلگۈسىدە مېنىمۇ بالىلىرىم تاشلىۋەتسەم قانداق بولغىنى؟»





شۇنىڭ بىلەن ئوغلى دادىسىنى ھاپاش قىلىپ ئۆيگە قايتۇرۇپ كەپتۇ ۋە ھۆرمەتلەپ ئوبدان بېقىپتۇ.

بۇ بىر يۈرۈش «رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» توپلىمى، مەھەممەت سىدىق تومۇرى، ھاجى ئەخمەت، مۇتەللىپ پالتاخۇن، تۇرسۇن زېرىدىن قاتارلىق پىشقەدەم ئۇستازلار تەرىپىدىن توپلاپ رەتلىنىپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» ناملىق كىتاب ئاساسىدا، ماھىنۇر ئۇيغۇر، ھەبىبە ئۇيغۇر ۋە نەسلىخان ئۇيغۇر قاتارلىق ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىمىز تەرىپىدىن رەسىملىك باللار ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندۇرۇلدى. يېڭى ساۋادى چىققان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تىلى چىقىش مەزگىلىدىكى ئوماق پەرزەنتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىق تەلەپپۇزى ئوقۇپ بېرىشىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

www.uygur.com